# ئەتىرگۈلنى ئېپقېلىپ، تىكىنىنى باشقىلارغا بېرىش

## ـــ ئامېرىكىدىكى بەزى سىياسەتۋازلارنىڭ «مۇۋاپىق كەلسە پايدىلىنىش، مۇۋاپىق كەلمىسە چۆرۈپ تاشلاش» ھەققىي ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېنىق كۆرۈش كېرەك

□ جۇڭ شېڭ

«بىز ئادىللىق ئاساسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئىنتىلىمىز، مانا بۇ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە ئىگىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىشتۇر.» ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى پېنسېنىڭ بۇ سۆزى يېقىملىق ئاڭلانغىنى بىلەن، لېكىن ئامېرىكا تەرەپ ئەمەلىيەتتە ئۆزى نەپكە ئېرىشىپ، باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈشنىلا كويدا بولدى، ھەممە غالىب كەلگۈچىنىڭ بولىدۇ، دېگەنگە ئىشىنىپ كەلدى. شۇنى سوراپ باقايلى، ئەگەر ۋاشىنگتون ھەققەتەن ئۆزئارا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ئىزدىسە، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار نېمە ئۈچۈن ھە دېسىلا تاموژنا بېجى كالتىكىنى پۇلاڭلىتىپ، قىلچە پەردازلىماستىن قوشۇپ ئېلىنغان تاموژنا بېجى ئامېرىكىغا نەچچە ئون مىليارد دوللارلىق كىرىم ئېلىپ كېلىدۇ دەپ لاپ ئۇرىدۇ ـ يۇ، ھالبۇكى، ئامېرىكىنىڭ سودا ھەمراھلىرى غايەت زور زىيانغا ئۇچرايدۇ؟

«پۈتۈن يەر شارىغا قوللىنىلىدىغان بىر يۈرۈش ئويۇن قائىدىسى بار بولسا، ھەممە ئادەمگە پايدىلىق بولىدۇ، لېكىن بۇ قائىدىلەرنىڭ مەزمۇنى ئامېرىكىغا ئالاھىدە پايدىلىق بولۇشى كېرەك.» ئامېرىكا «دىپلوماتىيە سىياسىتى» ژۇرنىلىدا يېقىندا ئېلان قىلىنغان بىر پارچە ماقالىدە ئەمەلىي ئەھۋال بايان قىلىندى. ئامېرىكا كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسلىق بەرپا قىلغۇچىسى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك يېتەكچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سودىنى ئەركىنلەشتۈرۈش، سېلىنمىنى قولايلاشتۇرۇش جەھەتتە ئىزچىل پۇرسەتكە ئالدىن ئېرىشىپ كەلدى. تېخنىكا، مەبلەغ، قائىدە قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەۋزەللىكلەرگە تايىنىپ، ئامېرىكا دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرنى ئاساسىي يۆنىلىش قىلغان يەر شارىۋى قىممەت زەنجىرى بەرپا قىلىپ، پۈتۈن يەر شارى بازىرى، بولۇپمۇ جۇڭگو بازىرىدا غايەت زور پايدىغا ئېرىشتى. مەسىلەن، ئامېرىكا ھەممىباب ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ جۇڭگودىكى ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى پۈتۈن يەر شارىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنىڭ 40%نى ئىگىلەيدۇ؛ ئامېرىكا گاۋتۇڭ شىركىتىنىڭ جۇڭگودىكى ئۆزەك سېتىش ۋە پاتېنت ئىجازەتنى ھەققى كىرىمى ئومۇمىي تىجارەت كىرىمىنىڭ 57%نى ئىگىلەيدۇ، ئىنتېل شىركىتىنىڭ جۇڭگو (شياڭگاڭ رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دىكى تىجارەت كىرىمى ئومۇمىي تىجارەت كىرىمىنىڭ 23.6%نى ئىگىلەيدۇ؛ 2017 ـ يىللىق مالىيە يىلىدا، ئالما شىركىتىنىڭ چوڭ جۇڭخۇا رايونىدىكى تىجارەت كىرىمى ئومۇمىي تىجارەت كىرىمىنىڭ 19.5%نى ئىگىلىدى. ئامېرىكا ھۆكۈمەت تەرەپ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، پەقەت 2009 ـ يىلدىن 2016 ـ يىلغىچە، ئامېرىكىدىكى دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەر جۇڭگودىكى سېلىنما ساقلانما مىقدارىنىڭ 111.4% ئېشىشىنى، سېتىشىنىڭ 140.3% ئېشىشىنى، ساپ كىرىمىنىڭ 151.3% ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇرغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئامېرىكا يەر شارىۋى قىممەت زەنجىرىدە «زىيان» تارتمايلا قالماي، ئەكسىچە غايەت زور پايدىغا ئېرىشكەن.

ئامېرىكا باشقىلارنىڭمۇ ياخشى بولۇشىنى كۆرەلمەيدۇ، دۇنيادا ئۈستۈن ئورۇننى ساقلاش، ئۆزىنىلا زورلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەتتا دۆلەتنىڭ مەمۇرىي كۈچىنى ئىشلىتىشتىن يانماي، تۈرلۈك «يوقىلاڭ» جىنايى ناملار ئارقىلىق، باشقا دۆلەتلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكا كارخانىلىرىغا بېسىم قىلىپ، ئامېرىكا كارخانىلىرىنىڭ پۈتۈن يەر شارىدا يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا ساھەسى بازىرىنى ئىگىلىشى، خەلقئارا كەسىپ ئىش تەقسىماتىدا مونوپوللۇق ئورنىنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن بوشلۇق ۋە ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرىدۇ. جۇڭگو خۇاۋېي شىركىتىنىڭ 5G تېلېگراف ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق تېخنىكا ساھەلىرىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلار خۇاۋېي ھەم ئۇنىڭ قارمىقىدىكى شىركەتلەرنى ئېكسپورتنى تىزگىنلەشتىكى «ئەمەلىي گەۋدە تىزىملىكى»گە كىرگۈزدى، ئامېرىكا دۆلەت كاتىپى پومپېئو يەنە «دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزدى» دېگەننى باھانە قىلىپ تەرەپ ـ تەرەپتە ۋەز ئېيتىپ، ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنى خۇاۋېي شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىشنى رەت قىلىشقا قىستىدى، ئازدۇردى؛ خېيكاڭ ۋېيشى شىركىتىنىڭ پۈتۈن يەر شارىدىكى بىخەتەرلىك ۋە مۇداپىئەلىنىش ساھەسىدە باشلامچى كارخانىلاردىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى تولۇقلىما تەكلىپ بېرىش ئارقىلىق، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى باھانە قىلىپ ئامېرىكا فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگونىڭ بەزى ياسىمىچىلىق كارخانىلىرى تەمىنلىگەن سىنلىق نازارەت ـ كونترول ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىشنى چەكلىدى؛ جۇڭگونىڭ ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان ساھەسىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئامېرىكا دۆلەت زېمىن خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى ئاساسسىز ھالدا: «جۇڭگو ياسىغان ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان سانلىق مەلۇماتلارنى ئوغرىلاۋاتىدۇ» دەپ ئاشكارا ئەيىبلىدى. بازارنىڭ نورمال سودىسىغا قەستەن ئارىلىشىپ، «دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئۆلچىمى»نى قالايمىقان ئىشلىتىپ، مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى سىياسىيلاشتۇرۇشتىكى مەقسەت بازاردىن تېخىمۇ چوڭ «تورت»قا ئېرىشىش، تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈندۇر، خالاس. مۇشۇنداق يولسىزلىق قىلسا، قانداقمۇ «ئۆزئارا پايدا ـ نەپ يەتكۈزۈش»تىن سۆز ئاچقىلى بولسۇن؟

پەقەت جۇڭگو كارخانىلىرىلا ئەمەس، ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلارنىڭ نەزەرىدە، بارلىق ئامېرىكا كارخانىلىرىنىڭ رىقابەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئېھتىمال «كۆزگە قادالغان مىخ» بولۇشى مۇمكىن. «ئامېرىكا پۈتۈن دۇنيا سودىسىنى كونترول قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ» «ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخبارات ئاپپاراتىنىڭ ئورنىنى قايتىدىن بەلگىلەپ، ئىقتىسادىي ئاخبارات توپلاش ۋە رىقابەتچىلىرىنى مەخپىي كۆزىتىشكە ئەھمىيەت بەردى، خۇددى سوۋېت پاش قىلغانغا ئوخشاش» «دۆلەت سىرتىدىكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش قانۇنى»نى تەتبىقلاپ، ئامېرىكا ئەدلىيە مىنىستىرلىقى ئاساسلىقى ياۋروپادىكى شىركەتلەرگە قارىتا ھەرىكەتنى قانات يايدۇردى. بۈگۈنگە قەدەر، بۇ قانۇنغا ئاساسەن تۆلىگەن جەرىمانىسى 100 مىليون دوللاردىن ئاشقان 29 كارخانا ئىچىدە، ياۋروپانىڭ 15 كارخانىسى بار، ئامېرىكىنىڭ پەقەت ئالتە كارخانىسى بار»... فىرانسىيە ئالستون شىركىتىنىڭ سابىق يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىسى فرېدېرىك پېيرۇززى «ئامېرىكا توزىقى» دېگەن كىتابىدا، ئۆز كەچۈرمىشى بىلەن ئامېرىكىنىڭ قانداق قىلىپ دۆلەت ئىچى قانۇنىنى ئىقتىساد ئۇرۇشى قورالىغا ئايلاندۇرۇپ، تۈرلۈك پەۋقۇلئاددە ۋاستىلار ئارقىلىق رىقابەتچىلىرىنى ئاجىزلاشتۇرغانلىقى، بېسىم قىلغانلىقىنى بايان قىلغان.

ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار بۈگۈنگە قەدەر يەنىلا بىر خىل «ئامېرىكىچە تەييارغا ھەييار بولۇش»نى مەڭگۈ ساقلاشنى، يەنى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئامېرىكىغا قوشۇلما قىممىتى تۆۋەن بولغان بايلىق، مال ۋە مۇلازىمەتنى ئېكسپورت قىلىشنى، ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە دوللار، پۇل مۇئامىلە مەھسۇلاتلىرى ۋە ئامېرىكىنىڭ يادرولۇق رىقابەت كۈچىگە مۇناسىۋەتسىز تۆۋەن دەرىجىلىك تېخنىكىلارنى ئېكسپورت قىلىشنى ھېلىھەم ئارزۇ قىلماقتا. تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان، ئامېرىكىنىڭ رىقابەتچىسىگە ئايلىنىش ئېھتىماللىقى بولغان دۆلەتلەرگە ۋاشىنگتوندىكى سىياسەتۋازلار قىلچە ئىككىلەنمەي بېسىم قىلىدۇ. بىز ئاقسارايىنىڭ سابىق باش ئىستراتېگىيە مەسلىھەتچىسى بانوننىڭ قانداق جار سالغانلىقىنى ئاڭلاپ باقايلى ـــ «سودا ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى پۈتۈن يەر شارىدىكى يېڭىلىق يارىتىش زەنجىرى، ئىشلەپچىقىرىش زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۈتۈن يەر شارىنى ئامېرىكىنى مەركەز قىلغان، ئەركىنلىكنى قىزغىن سۆيىدىغان دۆلەتلەرنىڭ ئەتراپىدا قايتىدىن چۆرىدەيدىغان قىلىشتىن ئىبارەت». تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ كاللىسىدا، ئۆزئارا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈش پەقەت نامى سۈيئىستېمال قىلىشلا بولۇپ، ئاچ كۆزلۈك، شەخسىيەتچىلىك ئۇنىڭ قىممىتىنىڭ ئىچكى يادروسى.

بۈگۈنكى دەۋردە، ھەرقايسى دۆلەتلەر يەر شارى كەنتىدە بىللە تۇرۇۋاتىدۇ، ئۆزئارا بېقىنىشى ئوبيېكتىپ رېئاللىق، ئۆزئارا ھەمكارلىشىشى ئورتاق ئېھتىياج، قول تۇتۇشۇپ تەرەققىي قىلىشى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى. «ئەتىرگۈلنى ئېپقېلىپ، تىكىنىنى باشقىلارغا بېرىش» قىلمىشى يەر شارى كەنتىدىكى ئىجتىمائىي ئاپەت، جەزمەن تېخىمۇ كۆپ قارشىلىققا ۋە لەنەتكە ئۇچرايدىغانلىقى، جەزمەن مەغلۇپ بولىدىغانلىقى ئېنىق.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# بىر قاچىنىڭ ھېكايىسى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەمەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئەسلىدە پۈتۈڭخۇادا بىر ئېغىزمۇ سۆزلىيەلمەيدىكەن، دەرس ۋاقتىدا خۇددى چۈشىنىكسىز كىتاب ئاڭلىغاندەك ھېس قىلىپ، ئۆگىنىشتە ئىنتايىن قىينىلىپتۇ، ئوقۇتقۇچى قىلچىمۇ زېرىكمەي، پىنيىندىن باشلاپ ئۇنىڭغا بىر ـ بىرلەپ ئۆگىتىپتۇ، ئۇنىڭ ھەربىر كىچىككىنە ئىلگىرىلىشىنى تەقدىرلەپ، ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپتۇ.

ئەمەرنى تېخىمۇ تەسىرلەندۈرگىنى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەربىيەلەنگۈچىلەرگە بولغان چەكسىز غەمخورلۇقى ئىدى. بىر قېتىم ئۇنىڭ بوغۇم ياللۇغى كېسىلى قوزغىلىپ، پۇتى قاتتىق ئاغرىپ كەتتى، ئوقۇتقۇچى بۇنى بىلگەندىن كېيىن دەرھال ئۇنىڭغا دورا سېتىۋېلىپ ئەكىلىپ بەردى، «مۇئەللىم ماڭا دورا سۈرۈپ قويدى، ماڭا ئۆزىنىڭ تۇغقىنىدەك مۇئامىلە قىلدى.» بۇ ئىشلارنى تىلغا ئالغاندا، ئەمەرنىڭ كۆز چاناقلىرى قىزىرىپ كەتتى.

مەكتەپ شەكلىدىكى ئوقۇتۇش، ئاتا ـ ئانىسىدەك كۆيۈنۈش ئەمەرنى قايتا ئويلاندۇردى، «مەن قانۇن ـ نىزاملارغا سېلىشتۇرۇپ ئۆزۈمنىڭ ئىلگىرىكى سۆز ـ ھەرىكىتىم ھەققىدە قايتا ئويلانغىنىمدا، ئۆزۈمنىڭ نورمال تۇرمۇش يولىدىن چەتنەپ كەتكەنلىكىمنى، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ كاللامنى يۇيۇۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئەگەر تەلىم ـ تەربىيەگە قاتناشمىغان بولسام، مەن كەلگۈسىدە بەلكىم جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان، ھەممە كىشى لەنەت ئوقۇيدىغان بىر زوراۋان ـ تېررورچىغا ئايلىنىپ قالغان بولاتتىم، ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايمەن» دېدى ئەمەر.

«پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەربىيەسى كۆزۈمنى روشەنلەشتۈردى، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى ئېنىق كۆرۈپ يەتتىم. مەن ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىم ئۈچۈن قانچە كۆپ پۇشايمان قىلغان بولسام، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىدىن شۇنچە قاتتىق نەپرەتلەندىم.» ھوشىنى تاپقان ئەمەرنىڭ ئىپادىسى ئاكتىپ بولدى، ئۇ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى ياخشى ئۆگىنىشكە ئىرادە باغلىدى، كەچتە باشقا تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇخلاپ قالغاندا، ئۇ يەنىلا چىراغ تۈۋىدە قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، سىنىپ بويىچە ئەڭ تېز ئالغا باستى.

كېيىن تەربىيەلەش مەركىزى ئەمەرنى يۇرتىغا قايتىپ تەشۋىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى، ئانىسى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئوخشىتىپ لەغمەن ئېتىپ بەردى. قاچىنى قولغا ئالغان شۇ پەيتتە ئۇنىڭ كۆزى ياشقا تولۇپ ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئانا، ھازىر مەن خاتالىقىمنى تونۇدۇم، سىز مېنى كەچۈرەرسىزمۇ؟»

«نەدىمۇ ئۆز بالىسىنى كەچۈرمەيدىغان ئانا بولسۇن، سەن خاتالىقىڭنى تونۇپ تۈزەتسەڭ، ئاناڭ خاتىرجەم بولىدۇ» دېدى مەنىسا خاتىرجەم ھالدا.

### ■ ئانىسىغا ھەمراھ بولۇپ بازار ئايلىنىش

4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئەمەر دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىپ ئۆيىگە قايتقان كۈنى ئىدى، بۇ كۈنى دەل يېزىنىڭ بازار كۈنى بولۇپ، ئەمەر ئۆيىگە بالدۇر قايتتى: «ئانا مەن سىزگە ھەمراھ بولۇپ بازار ئايلىناي!»

ئانىسىنىڭ چېچىنى تاراپ چازىسىنى قىسىپ قويغان ئەمەر ئانىسىنى قولتۇقلاپ، مۇڭداشقاچ خۇشال ھالدا بازارغا ماڭدى. بازاردا ئادەم كۆپ ئىدى، ياغدا پىشۇرۇلغان بېلىق يايمىسىنىڭ ئالدىدا، ئەمەر بىر پارچە ياغدا پىشۇرۇلغان بېلىقنى سېتىۋېلىپ، قىلتىرىقلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئېلىۋېتىپ ئانىسىغا بەردى. بۇ ۋاپادار ئوغۇلغا يانىدىكى بىر نەچچە يۇرتداش ماختاش نەزەرى بىلەن قاراشتى.

«ئانام ياشىنىپ قالدى، كۆزىمۇ تورلىشىدىغان بولۇپ قالدى، بېلىقنىڭ كىچىك قىلتىرىقلىرىنى كۆرەلمەيدۇ، ھازىر مېنىڭ ۋاپادارلىق كۆرسىتىدىغان ۋاقتىم كەلدى» دېدى ئەمەر.

ئەمەرنىڭ مۇخبىرلارغا ئېيتىشىچە، تەربىيەلەش مەركىزىدە ئۇ كەپشەرلەش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپتۇ، كېسىش ماشىنىسى، كەپشەرلەش ئۈسكۈنىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بىمالال ئىشلىتەلەيدىكەن. «كېيىن مەن كۇرسنى تاماملىغاندا پۈتۈڭخۇادا سۆزلىيەلەيمەن، كەپشەرلەشنى بىلىمەن، چوقۇم ياخشى خىزمەت تاپالايمەن، كۆپ پۇل تېپىپ ئانامغا ئوبدان ۋاپادارلىق كۆرسىتىپ، ئىلگىرىكى خاتالىقلىرىمنىڭ ئورنىنى تولدۇرىمەن» دېدى ئەمەر.

«بىز ئەمىن ئۆيدە ئولتۇردۇق، مەن يەنە تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولدۇم، ئوغلۇممۇ ھازىر ماھارەت ئۆگەندى. مەن بىر يېزىلىق موماي، ھېچقانداق مەدەنىيەت سەۋىيەم يوق، بىراق شۇنى بىلىمەنكى، بۇ بەختلىك تۇرمۇشنىڭ ھەممىسىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بەردى، مەن قەلبىمدىن پارتىيەگە رەھمەت ئېيتىمەن» دېدى مەنىسا.

ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن، ئەمەر ئانىسىغا بىر ئىستاكان قايناق سۇ قۇيۇپ بېرىپ، بايا سېتىۋالغان پېچىنە ـ پىرەنىكلەرنى ئانىسىغا سۇنۇپ، پۈتۈڭخۇادا «گۈل نېمىشقا شۇنچە قىزىل» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ بەردى، تۇنجى قېتىم ئوغلىنىڭ بۇنداق ناخشا ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئانىسى خۇشال بولۇپ كۈلدى.

دېرىزە تەكچىسى يېنىغا ئەمەر يەرگە ئېتىۋەتكەن ھېلىقى قاچا قويۇلغانىدى. «مەن بۇ قاچىنى ئىزچىل ساقلاپ قويۇپ، ھەر ۋاقىت ئۆزۈمنى پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشقا، كېيىنكى كىشىلىك ھايات يولۇمنى ياخشى بېسىشقا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىمەن» دېدى ئەمەر.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن . قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# دىڭ خۇيجۈڭ: قوش ماۋزۇر دۈشمەننىڭ يۈرىكىنى تىترەتتى، قەيسەرلىك قەھرىمان روھنى ياراتتى



دىڭ خۇيجۈڭنىڭ سۈرىتى (ماتېرىيال سۈرەت).

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چېڭدۇ، 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر كاڭ جىنچيەن)** 5 ـ ئايدىكى خۇايىڭشەندە سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ئوبرازى جانلىق، سۈرلۈك ۋە ھەيۋەتلىك بىر «قوش ماۋزۇرلۇق موماي» ھەيكىلى بۇ تۇپراقتا قەد كۆتۈرگەن بولۇپ، ساياھەتچىلەرنى كەينى ـ كەينىدىن قەدەمنى توختىتىشقا جەلپ قىلاتتى. سىم ـ سىم يامغۇر خىياللارنى سەگىتىپ، كىشىگە بۇ قىزىل تۇپراقتا يۈز بەرگەن ئۇنتۇلغۇسىز ھېكايىلەرنى ئەسلىتەتتى.

دىڭ خۇيجۈڭ 1904 ـ يىلى سىچۇەن يۆچىدە تۇغۇلغان، ئەسلىي ئىسمى جاڭ خۇيجۈڭ، جاڭ رولەن. 16 يېشىدا دىڭ خۇيجۈڭ دىڭ فۇچيەن (جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئەزاسى) بىلەن توي قىلغان. تويىدىن كېيىن، ئىككىيلەن ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىپ، مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن ئۆتكەن. ئېرى دىڭ فۇچيەنگە بولغان ھۆرمىتى ۋە چوڭقۇر مۇھەببىتى يۈزىسىدىن، ئۇ ئىسمىنى دىڭ خۇيجۈڭغا ئۆزگەرتكەن. ئېرىنىڭ تەسىرىدە دىڭ خۇيجۈڭ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. 1930 ـ يىلى، گەرچە ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا يۆچى قىزلار سىفەن مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن. 1933 ـ يىلى يۆچى قىزلار سىفەن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، مەكتەپ مۇدىرى بولغان. 1938 ـ يىلى ئېرى دىڭ فۇچيەن يەنئەنگە كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزى يالغۇز ئۈچ بالىسىنى بېقىپ، كۈندۈزى ئوقۇتقۇچىلىق قىلسا، كەچتە يېزا كەچ كۇرسىنى ئاچقان. ئۇ دائىم ئوقۇتقۇچىلىق ۋە مەكتەپ مۇدىرلىق سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆيمۇئۆي كىرىپ ئاممىنى قوزغاپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، مەخپىي ھالدا كومپارتىيەنىڭ يەر ئاستى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇ يەنە ئاياللارنىڭ دۈشمەنگە قارشى ئارقا سەپ ياردەم بېرىش جەمئىيىتىنى تەشكىللەپ، تەرەققىيپەرۋەر ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتىگە ئاتلانغان.

1939 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، دىڭ خۇيجۈڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئاياللار ئالاھىدە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، ناھىيەلىك پارتكومنىڭ ئاياللار ھەيئىتى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. پارتىيەگە كىرگەندىن كېيىن، دىڭ خۇيجۈڭ پارتىيە ئىشلىرىغا تېخىمۇ ئاكتىپ ئاتلانغان، ئۇ يېزىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاممىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈركۈم ئىلغارلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ پارتىيەگە كىرگۈزۈپ، ئىنقىلابىي كۈچنى زورايتقان.

1946 ـ يىلى دىڭ خۇيجۈڭ يۆچىدا جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقىغا كىرگەن. 1947 ـ يىلى ئۇ شىمالىي سىچۇەنگە بېرىپ ھەربىي ئىشلارنى ئۆگەنگەن، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاممىنى قوزغاپ، تاكتىكا مەشقى، ھەربىي مەشىق، قورال مەشقى ئېلىپ بارغان. گەرچە ئۇنىڭ پۇتى بوغۇلغان مېڭىشى قولايسىز، يېشى چوڭ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا دائىم قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ، ھەربىي مەشىققە قوماندانلىق قىلغان. كېيىن، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ شەرقىي سىچۇەن يەر ئاستى پارتىيەسى 8 ـ خىزمەت كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە قاتنىشىپ، ئاممىنى تەشكىللەپ، خۇايىڭشەن رايونىدىكى يۆچى، ۋۇشېڭ قوزغىلىڭىغا ئاكتىپ قاتناشقان ھەم قوزغىلاڭغا مەبلەغ توپلاپ، قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا سېتىۋالغان. قوزغىلاڭ پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئامانلىقى بىلەن ھېسابلاشماي، ناھىيە بازىرى ۋە قوشنا يېزىلاردا چېپىپ يۈرۈپ، داۋاملىق ئاممىنى قوزغىغان. بۇ مەزگىلدە ئۇ تېزدىن بىر كوممۇنىزم جەڭچىسىگە ئايلىنىپ، خۇايىڭشەن پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى، تەربىيەلىگۈچىسى ۋە قوماندانىغا ئايلىنىپ، «قوش ماۋزۇرلۇق موماي» دېگەن نام بىلەن دۈشمەننى يۈرەكئالدى قىلىۋەتكەن.

1948 ـ يىلىدىكى يۆچى، ۋۇشېڭ قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، دىڭ خۇيجۈڭ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ يېزىغا بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، كىچىك ئوغلى دىڭ جېڭ ۋۇشېڭدىكى شىنچاڭغا بېرىپ ئالاقىلىشىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش سەپىرىدە بەختكە قارشى قولغا ئېلىنغان. دىڭ خۇيجۈڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چوڭ ئوغلى دىڭ يۈگې، قىزى دىڭ يېيۈن، بولغۇسى كېلىنى جاڭ شۇجېڭ قاتارلىقلارنى ئېلىپ ئۆيىگە مەخپىي قايتىپ كېلىپ، ئەتىسى دىڭ چېڭنى قۇتقۇزماقچى بولغان. ئويلىمىغان يەردىن تاماق ئېتىۋاتقاندا، تام قوشنىسى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ چېقىپ قويغاچقا، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىنغان.

دۈشمەننىڭ يېرىم ئايدىن ئارتۇق سوراق قىلىشى جەريانىدا، دىڭ خۇيجۈڭ تەمكىن تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمىگەن. ئىشپىيونلار پەرزەنتلىرىنىڭ جېنىنى ساقلاپ قال دەپ تەھدىت سېلىپ ئازدۇرماقچى بولغاندا، ئۇ ئىشپىيوننى قەھرى بىلەن بىر شاپىلاق سالغان. دۈشمەن شەرمەندە بولغانلىقىدىن غەزەپلىنىپ، ئۇنى باغلاپ قويۇپ، بامبۇك زىخچىلارنى ئۇنىڭ تىرنىقىغا قاققان، بىر قىيىپ، بىر سوئال سورىغان. ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى پۇرچاقتەك تەر تامچىلىرىغا تولۇپ كەتسىمۇ، تاكى ھوشىدىن كەتكىچە چىشىنى چىڭ چىشلەپ بەرداشلىق بەرگەن. كېيىن دۈشمەنلەر يەنە ئۇنى ئىنسان قىلالىغۇسىز چىققان ھەر خىل قىين ـ قىستاقلارغا ئالغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا قەتئىي تىز پۈكمىگەن. يۆچىدىكى ھەربىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئىشخانىسىدا كۆپ قېتىم قىيناپ سوراق قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ۋە كىچىك ئوغلى دىڭ جېڭ چۇڭچىڭ «جۇڭگو ـ ئامېرىكا ھەمكارلىق ئورنى»دىكى جازىدۇڭغا يالاپ ئاپىرىلغان.

1949 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، جازىدۇڭ چوڭ قىرغىنچىلىقىدا، دىڭ خۇيجۈڭ ئوغلى دىڭ جېڭ بىلەن بىللە قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئۇ 45 ياشتا ئىدى.

قەھرىمانلار، قۇربانلارنىڭ قۇربان بولغىنىغا ئۇزاق بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ روھى مەڭگۈ ھايات، كېيىنكىلەرنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئىنقىلابىي قۇربان دىڭ خۇيجۈڭ كۈرەش قىلغان سىچۇەن خۇايىڭدا «پەرزەنتنى ھەربىيلىككە ئەۋەتىش» ئىزچىل شۇ يەردىكى خەلقنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى بولۇپ كەلمەكتە. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ھەربىيلىككە قاتنىشىش يېشىدىكى كەڭ ياشلارنىڭ ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش قىزغىنلىقى سۇسلاپ قالمىدى، خۇايىڭشەن پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەۋلادلىرى ئەجدادلىرىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئاكتىپلىق بىلەن ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇردى.

خۇددى «قىزىل قىيا» رومانىدا ئېيتىلغاندەك: «ھاياتلىقتا كىم ئۆلمەيدۇ؟ لېكىن بىر ئادەمنىڭ ھاياتى پرولېتارىياتنىڭ ياشلىق باھارىنى مەڭگۈ ساقلايدىغان ئىنقىلاب ئىشلىرى بىلەن باغلانغاندا، چەكسىز شەرەپلىك بولىدۇ!» ئۆتمۈشكە نەزەر سالساق، تارىخنىڭ ئىزنالىرى يەنىلا ئېنىق، كېيىنكىلەر جۇمھۇرىيەتنىڭ ئەتىسى ئۈچۈن ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ داۋاملىق ماڭىدۇ!

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)